## 26327 ـ رامزاندا قۇرئان تامام قىلىش توغرىسىدا

### سۇئال

رامزان ئېيىدا قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ياخشى تاماملاش ئۈچۈن جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئان تىڭشاشقان ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش مۇمكىنمۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

توغرا بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىش كېرەك، بەلكى مۆمىن ئۈچۈن ئۆزى ياقتۇرغان كىشىلەر بىلەن قۇرئان ـ كەرىمنى دەرسلىك قىلىش ياخشى كۆرۈلىدۇ . پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالاممۇ مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئاننى دەرسلىك قىلغان. چۈنكى جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىن كەلگەن، ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچى ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەنپەئەتلەندى . يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرپلىرىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش، ئايەتنىڭ مەنالىرىنى ئاللاھ مەقسەت قىلغان بويىچە چۈشىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . مۇسۇلمانىنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ مەنالىرىنى چۈشىنىش ۋە ھەرپلىرىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغان كىشىلەر بىلەن قۇرئاننى دەرسلىك قىلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ . خۇددى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن دەرسلىك قىلغانغا ئوخشاش . بۇنىڭدىن جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئەۋزەل دېگەنلىك ئىپادىلەنمەيدۇ . لېكىن جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بولسا ئاللاھ تەرىپىدىن يەتكۈزۈلىدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى، تەلەپپۇز قىلىنىشى، مەنىلىرى بويىچە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگۈچىدۇر . بۇ تەرەپلەردىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جىبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن مەنپەئەتلىنىدۇ . بەلكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بارلىق ئىنسانلار، پەرىشتىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلىدۇر، لېكىن قۇرئان كەرىمنى دەرسلىك قىلىش پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە ئۈممەت ئۈچۈن كۆپ پايدىسى بولىدىغانلىقى ئىرادە قىلىنغان . چۈنكى بۇ ئاللاھ ھوزۇرىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابنى دەرسلىك قىلىش ۋە ئاللاھ ھوزۇرىدىن كەلگەن نەرسىدىن مەنپەئەتلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

يەنە بىر پايدىسى قۇرئان كەرىمنى كۈندۈزدىن كېچىدە دەرسلىك قىلىش ياخشى بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلغان، كېچىدە ئىنسان قەلبى بىرلىشىپ كۈندۈزى دەرسلىك قىلغاندىن كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ . شۇنداقلا بۇ شەرىئەتتە بۇيرۇلغان دەرسلىك قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ رامزاننىڭ غەيرىدىمۇ قىلىنىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئۆز ئارا دەرسلىك قىلىشتىن ھەر ئىككى تەرەپ پايدىلىنىدۇ، قۇرئاننى دەرسلىك قىلغۇچىلار بىرقانچە

بولىسمۇ بولىدۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ، يالغۇزلۇقتا بولمىغان جۇشقۇنلۇق ۋە قىزىقىش ھاسىل بولىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىش تەس بولغان مەنالار ۋە قىيىن بولغان ئۇقۇملار ھەل بولىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقتىن ئىبارەت.

رامزاندا مەسچىت ئىمامىنىڭ جامائەتكە تەراۋىھ نامىزى ئارقىلىق قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىشىمۇ دەرسلىكنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەممە كىشى قۇرئاندىن ئورتاق مەنپەئەتلىنىدۇ. ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ جامائەتكە ئىمام بولۇپ قۇرئان تامام قىلغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرەتتى،  بۇ ئىلگىرىكى ياخشى كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى تولۇق تىڭشاشتىن ئىبارەت بولغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭدىن قۇرئاننى تېز ئوقۇپ ئالدىراپ تۈگىتىش، خۇشۇ ۋە ئارامدىللىقنى لازىم تۇتماسلىق مەقسەت قىلىنمايدۇ . بەلكى بۇ ئىشلارغا رىئايە قىلىش قۇرئان تامام قىلىشتا ئاساسى مەقسەت قىلىنىدۇ.